## 338863 ـ ھەيز مۇددەت كۈندىن بۇرۇن توختىغان بولسا ئۇنىڭ بىلەن پاكلىق ھاسىل بولامدۇ؟،

**سۇئال**

مېنىڭ ھەيز كۆرۈش ۋاقتىم بەش كۈن داۋاملىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى كۈن قوڭۇر ياكى سېرىق رەڭلىك ئاجراتما كېلىدۇ. بەزىدە قىسقا ۋاقىت ھەيز ئورنى قۇرۇق بولاتتى، ئاندىن ئوچۇق قوڭۇر ياكى سېرىق رەڭلىك ئاجراتما كېلەتتى. مەن ئوقۇغان بىر پەتىۋاغا ئەمەل قىلىپ، ھەيز ئورنى قۇرۇغاندىن كېيىن بىر كۈن ياكى يېرىم كۈن ساقلايمەن، ھەمدە ئادەتتىكى ھەيز كۆرۈش جەريانىدا كەلگەن قوڭۇر ياكى سېرىق رەڭلىك ئاجراتما ھەيز دەپ قارىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئاق ئاجراتما دەپ قارايدىغان نەرسىلەر كېلەتتى، بۇ يۇيۇنۇش ئۆزۈمدىكى ۋەسۋەسىلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئىدى.  شۇنىڭ بىلەن غۇسۇل قىلاتتىم، مەن بۇ پەتىۋاغا ئەمەل قىلىپ، ھەيز ئورنى قۇرۇق بولغان ھامان غۇسۇل قىلىشى كېرەك دېگەنلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلدىم، چۈنكى مەن بۇنى ئالىملارنىڭ ئىختىلاپلىق مەسىلىسى دەپ قارايتتىم. بۇ چاغدا، ئۆزۈمنىڭ بۇنداق ئوي-پىكىرلىرىمگە قارىماي، بۇنى تەتقىق قىلىشقا تىرىشتىم.شۇنداقلا مەن بۇ خۇلاسىگە كەلدىم. نەچچە يىلدىن كېيىن، بۇ ئاينى تاللىدىم،  مەن ھەيز ئورنى قۇرۇق بولغان ھامان پاك ھېسابلىنىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ھەيز كۆرۈش ۋاقتىدىن قالغان ئىككى كۈنلۈك نامازلىرىمنىڭ قازاسىنى ئوقۇشۇم كېرەكمۇ؟.

مەن يېقىندا ئايالنىڭ ھەيزى ناماز ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن باشلانسا، پاك بولغاندا شۇ نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇشى كېرەكلىكىنى بىلدىم.  قانچىلىك نامازنى قازا قىلغانلىقىم ئېنىق ئېسىمدە يوق، شۇڭا ئۇنى مۆلچەرلىيەلمەيمەن. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشۈم كېرەككى، مەن ئىلگىرىكى خاتا ئېتىقادىم سەۋەبىدىن  ئوقۇيالمىغان نامازلىرىمنىڭ قازاسىنى قىلغان، بۇ مېنىڭ تىزلىرىمنىڭ ئاغرىشىغا سەۋەپ بولدى، ئالدىنقى ئىككى ئەھۋالدا نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش شەرت ئەمەس دېگەن قاراشقا ئەگىشىشكە بولامدۇ؟، ئەگەر مەن بۇ خىل ئەھۋاللاردا ئۇ نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىشنى تاللىسام، تېزىمنىڭ ئاغرىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىر ۋاقتى كىرگەن نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇسام، قازا قىلىنغان نامازلارنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئوقۇسام بولامدۇ؟ چۈنكى ھەر ئىككى نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇسام تىزلىرىم بەك ئاغرىپ كېتىدىكەن؟،

پاك بولغانلىقنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ۋاجىپ بولغان قۇرۇشنىڭ ۋاقتى قانچىلىك بولىدۇ؟. ساقلاش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېرەك؟.

تېما ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار:

بىرىنچى: كۆپچىلىك پىقھى ئالىملىرىنىڭ قارىشىغا كۆرە، ھەيزدىن پاك بولۇش ھەيز ئورنىنىڭ تولۇق قۇرۇشى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ.

ئىككىنچى: ئايالنىڭ ھەيزدىن پاك بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان، ھەيز ئورنىنىڭ تولۇق قۇرۇق بولىشى قانچىلىق ۋاقىتتا ھاسىل بولىدۇ؟.

ئۈچىنچى: مەلۇم بىر ھۆكۈمدە، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان تۆت مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ سۆزىگە كۆرە ئەمەل قىلسا، بۇ ئەمەلنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟.

تۆتىنچى: نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ نامازنى ئادا قىلىپ بولغىچە ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇ نامازنى قانداق قىلىدۇ؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بىرىنچى: كۆپچىلىك پىقھى ئالىملىرىنىڭ قارشىغا كۆرە، ھەيزدىن پاك بولۇش ھەيز ئورنىنىڭ تولۇق قۇرۇشى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ. لېكىن ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھدىن: " ھەيز ئورنىنىڭ تولۇق قۇرۇشى بىلەن ھەيزدىن پاك بولۇش ھاسىل بولمايدۇ بەلكى ئاق ئاجراتما كەلگەندىن كېيىن پاكلىنىش ئاندىن ھاسىل بولىدۇ" دېگەن قاراش نەقىل قىلىنغان.

شەيخ ئەبۇ ئۆمەر دىبيان"پاكلىق ئېنسىكلوپېدىيىسى" 7-توم 37-بەتتە مۇنداق دېگەن: " تۆتىنچى تەتقىقات: ھەيزدارنىڭ پاك بولۇش ئالامىتى: بەزى ئالىملار: ھەيز ئۆزۈلگەندە مۇتلەق پاك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاق ئاجراتما كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن ئوخشاش بولىدۇ دەيدۇ، بۇ ھەنەفىي، شاپىئى ۋە ھەنبەلى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ قارشىدۇر.

يەنە بەزى ئالىملار: ھەيز ئۆزۈلگەندىن كېيىن ئاق ئاجراتما كەلگەنلىكىنى كۆرمىسە پاك بولمايدۇ، ئەگەر ئاق ئاجراتما كەلمەيدىغان ئايالالار بولسا، ئۇلارغا نىسبەتەن ھەيز ئورنىنىڭ تولۇق قۇرۇشى پاك بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ "ئەل مۇدەۋۋىنە" ناملىق ئەسەردە ئىمام مالىك رەھىمەھۇللادىن بايان قىلىنغاندۇر.

بەزى ئالىملار پاك بولغانلىقىنىڭ ئىككى ئالامىتى بار دەيدۇ: ھەيز ئورنىنىڭ تولۇق قۇرۇشى ۋە ئاق ئاجىراتمىنىڭ كېلىشىدۇر، ئايال ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسى بىرىنى كۆرسە، بۇ، ئۇ ئايالنىڭ ھەيزدىن پاك بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئادىتە تولۇق قۇرۇش بىلەن پاك بولىدىغان ياكى ئاق ئاجىراتمىنىڭ كېلىشى بىلەن پاك بولىدىغان بولسۇن ئوخشاشتۇر. ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ يارەنلىرىدىن ئىبنى ھەبىيب رەھىمەھۇللاھمۇ بۇ سۆزنى دېگەن. 317771 - نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئىككىنچى: ئايالنىڭ ھەيزدىن پاك بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان، ھەيز ئورنىنىڭ تولۇق قۇرۇق بولىشى قانچىلىق ۋاقىتتا ھاسىل بولىدۇ؟.

ھەيز ئورنىنىڭ قۇرۇق بولىشىنى بېكىتىدىغان مەلۇم بىر ۋاقىت يوق، ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندا ھەتتا بىر سائەت مۇددەتتە

بولسىمۇ قۇرۇش ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن يەنە قان كەلسە بۇ ھەيز ھېسابلىنىدۇ، قۇرۇش ھەيز ئارىسىغا كىرگەن پاكىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما قۇرۇش ئادەتنىڭ ئاخىرىقى ۋاقتىدا بولسا، ئىش ئۇ ۋاقىتتا ئوچۇق ۋە ئېنىق بولۇپ، بۇ ئايالنىڭ ھەيزدىن پاك بولغانلىقىدۇر.

ئىمام نەۋەۋىي "ئەل مەجمۇ" 2-توم 543-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ھەيزنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى ۋە پاكىزلىقىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى قانىنىڭ ۋە سېرىق، دۇغ نەرسىلەرنىڭ چىقىشىنىڭ ئۈزۈلىشىدۇر. بۇ نەرسىلەر ئۈزۈلسە يەنى كەلمىسە، پاكىز بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاق ئاجراتما چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن بۇنىڭ پەرقى يوق".

بەھۇتىي"كەشاپۇل قىنا" 1-توم 212-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئايال ئىددەت جەريانىدا، ھەيز ئورنىغا پاختا ياكى ئاق لاتا كىرگۈزسە ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەستىن تولۇق ئاق ھالەتتە بولسا تولۇق پاك بولغان بولىدۇ. مۇبادا بۇ ئاز ۋاقىت بولسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭ تولۇق بىر كۈنگە يېتىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايال پاكلانغان ھېسابلىنىدۇ ۋە يۇيۇنىدۇ. بۇ توغرىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ: «ئايال تولۇق پاكلىقنى كۆرسە يۇيۇنىدۇ» دېگەن. شۇنداقلا ناماز ئوقۇيدۇ، پاك بولغان ئاياللار قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەيزنى ئەزىيەت دەپ سۈپەتلىگەن، ئەزىيەت يوقالسا، ھەيزنىڭ يوق بولغانلىقى سەۋەبتىن ناماز ۋاجىپ بولىدۇ، باشقا ئايالLARغا ئوخشاش يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۈچ كۆرەلمەيدۇ".

ئۈچىنچى: مەلۇم بىر ھۆكۈمدە، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان تۆت مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ سۆزىگە كۆرە ئەمەل قىلسا، بۇ ئەمەلنىڭ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟.

ئەگەر سىز ھەيز ئورنىغا پاختا ياكى ئاق لاتىنى كىرگۈزۈپ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەي ئاق چىققانلىقىنى كۆرسىڭىز پاك بولىسىز دېگەن قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلغان بولسىڭىز، بۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان سۆز، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھدىنمۇ بۇ قاراش نەقىل قىلىنغان، سىزگە ھېچ خاتالىق بولمايدۇ، ھېچ نەرسىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ.

بەلكى مۇبادا، سىز بىلمەسلىكتىن باشقىچە چۈشىنىپ، مۇشىنچىلىك ۋاقىت ساقلاش ۋاجىپ بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى پاك بولمايدۇ دەپ ئويلىغان بولسىڭىز، بۇنىڭ بىلەن سىزگە ھېچ نەرسىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ، سىز بۇنىڭدا خاتا چۈشەنچىڭىز بىلەن ئۆزۈرلۈك ھېسابلىنىسىز.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنىڭغا كۆرە، مۇبادا دەلىلنى بىلمىگەنلىكتىن ۋاجىپ بولغان تاھارەتنى تەرك قىلسا، مەسىلەن: تۆگە گۆشى يەپ تاھارەت ئالماپتۇ، ئاندىن تۆگە گۆشى يېسە تاھارەت ئېلىشنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىلنى بىلگەن بولسا ياكى تۆگە قوتۇندا ناماز ئوقۇپتۇ، كېيىن تۆگە قوتۇندا ناماز ئوقۇشنىڭ

دۇرۇس بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىلنى بىلگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۆتكەنكى نامازلىرىنى قايتىدىن ئوقۇمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىككى تۈرلۈك قاراش بار، بۇ قاراشنىڭ ئىككىلىسى ئىمام ئەھمەدتىن بايان قىلىنغان".

بۇنىڭ ئوخشىشى: بىر كىشى ئەۋرىتىنى تۈتۈپ تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇپتۇ، كېيىن ئەۋرىتىنى تۇتسا تاھارەت ئېلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بىلگەن بولسا قانداق قىلىدۇ؟، دېگەن مەسىلىدۇر.

مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدىكى توغرا قاراش: ئۆتكەن ناماز ياكى ئىبادەتلەرنى قايتىدىن ئادا قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا خاتا قىلغان ۋە ئۇنتۇپ قالغان ئىشلاردىن ئەپۇ قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّى نَبْعَثَ رَسُولًا تەرجىمىسى: « پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق» [سۈرە ئىسرا 16-ئايەت.]

ھەر قانداق بىر كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم بىر ئىشتىكى بۇيرۇقى يەتمىگەن بولسا، ئۇ ئىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ ھۆكمى ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ.

بىر قېتىملىق سەپەردە ئۆمەر بىلەن ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئېھتىلام بولۇپ قىلىپ سۇ تاپالماي، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ئوقۇمىغان، ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا توپىغا يۇمۇلۇۋېتىپ ناماز ئوقۇغاندا، بۇ ئىش رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزۈلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى نامازنى قايتىدىن ئوقۇشقا بۇيرۇمىغان.

شۇنىڭدەك، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ جۇنۇپ بولۇپ قىلىپ يۇيۇنغىلى سۇ تاپالماي بىر قانچە كۈن ناماز ئوقۇغانلىقىنى دېگەندە، ئۇنى ئۆتۈپ كەتكەن نامازلارنى قايتىدىن ئوقۇشقا بۇيرۇمىغان.

شۇنىڭدەك، ساھابىلاردىن روزىدا ئاق يىپنى قارا يىپتىن ئايرىپ كۆرەلىگۈچىلىك يورۇق چۈشكىچە سەھەرلىك يېگەن كىشىنى شۇ كۈنلۈك روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇمىغان.

قىبلە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىق خەۋىرى يەتمەي، يەنىلا بەيتىل مۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئۆتكەن نامازلارنى قايتىدىن ئوقۇشقا بۇيرۇمىغان.

مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ قاتارىدىن: خۇن كېسەللى بولغان ئايال ئۆز ئېتىقادىدا ئۆزىگە ناماز ئوقۇش ۋاجىپ ئەمەس دەپ قاراپ مەلۇم مۇددەت ناماز ئوقۇمايدۇ، بۇ ئايالنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىشى توغرىسىدا ئىككى قاراش بار، ئۇنىڭ بىرى: ئىمام مالىك ۋە باشقا ئالىملاردىن نەقىل قىلىنغاندەك، قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى خۇن كېسەلى بولغان ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مەن بەك كۆپ ھەيز كۆرىمەن، قان ئۈزۈلمەي كېلىدۇ، بۇ ئىش مېنى ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشتىن چەكلەپ قويىدى دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا بۇيرىدى، ئوقۇماي ئۆتۈپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرىمىدى.

مېنىڭ يېنىمدا مۇتەۋاتىر شەكىلدە نەقىل قىلىنغان دەلىللەر بار، يەنى: سەھرادا ۋە شەھەردىن يىراق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ، بالاغەتكە يەتكەندىمۇ ئۆزىگە نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، بەلكى ئايالغا ناماز ئوقۇش دېسە، مەن چوڭ بولغاندا، ياشىنىپ موماي بولغاندا ئوقۇيمەن دەيدۇ، ئۇ ئايال ئۆز قارىشىدا ناماز دېگەن ئاياللارغا ياشىنىپ موماي بولغاندا ۋاجىپ بولىدۇ دەپ قارىغان، پىرىغا ئەگىشىدىغان سوپىيلارنىڭ ئارىسىدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە نامازنىڭ پەرز بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ، توغرا قاراشتا ئۇلار كېيىن ئۇ ۋاقىتتا ئوقۇمىغان نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ". [پەتىۋالار مەجمۇئەسى 21-توم 101-102-بەت].

-تۆتىنچى: ناماز ۋاقتى بولغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا.

نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ نامازنى ئادا قىلىپ بولغىچە ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايال، ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟.

بۇ مەسىلىدە ئالىم-ئۆلىمالار ئارىسىدا پەرقلىق قاراش بارلىقى ئېنىق.

پىقھى ئالىملىرىنىڭ بەزىسى جۈملىدىن ھەنبەلى مەزھەپ ئالىملىرى: نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ ناماز باشلاش تەكبىرىنى قىلىپ نامازغا تۇرغىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولىدۇ.

" زادىل مۇستەقنى"تا مۇنداق دېيىلگەن: " ئەگەر ناماز ئادا قىلغۇچى نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ نامازنى باشلىغۇدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەقلىنى يوقۇتۇپتۇ ياكى ئايال بولسا ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسا، ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن، ئەقلىنى يوقاتقان كىشىنىڭ ئەقلى-ھۇشى جايىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ".

شاپىئى مەزھىبىدىكى ئالىملار: ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن، نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ، شۇ نامازنى ئادا قىلىپ بولغىدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسا دېگەننى شەرت قىلدى.

ھەنەفىي مەزھىبىدىن زۇپەر ۋە شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىقلار(ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) : ناماز ۋاقتى كىرگەندىن تارتىپ ئايال پاك بولۇپ، ئاخىرىدا ناماز ئادا قىلىش مۇمكىن بولمىغۇدەك ۋاقىت قالغاندا (يەنى كېيىنكى نامازنىڭ ۋاقتى كىرىشكە ئاز قالغاندا) ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا شۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك دەيدۇ.

مالىكى مەزھىبىنىڭ قارىشىمۇ بۇنىڭغا يېقىن بولۇپ، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: "نامازنىڭ ۋاقتى ئاخىرلىشىپ پەقەت بىر رەكەت ناماز ئادا قىلىشقا يەتكۈدەك ۋاقىت قالغاندا ئادەت كۆرۈپ قالسا، كېيىن پاك بولغاندا شۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپ ئالىملىرى، مالىكى مەزھىبىدىكى بىر قاراشتا ئۇ بولسىمۇ ئىبنى ھەزمنىڭ مەزھىبى: ئايال نامازنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدا، ئوتتۇرىدىكى ۋاقتىدا ياكى ئاخىرقى ۋاقتىدا ئادەت كۆرۈپ قالسۇن ئۇ نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش مۇتلەق ۋاجىپ

بولمايدۇ دەيدۇ.[پاكلىق ئېنسىكلوپېدىيىسى 7-توم 159-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەمما ئۇ كىشىگە ۋاقىتنىڭ نامازغا يېتىشمەيدىغان دەرىجىدە قىس بولۇشى كېرەك بولمايدۇ دېگەنلەر مۇنداق دەيدۇ:" ئىنسان ئۆچۈن نامازنى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرسە دۇرۇس بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا نامازنى ئادا قىلىشتىن چەكلەپ قويىدىغان بىرەر ھادىسە يۈز بەرسە، ئۇ كىشى نامازغا سەل قارىغان ياكى قەستەن كېچىكتۈرگەن بولمايدۇ، بەلكى ئۆزىگە ۋاجىپ بولغاننى قىلغۇچىدۇر، چۈنكى بۇنداق ئىش ئاياللارنىڭ ئادەت كۆرۈش ئىشلىرىدا كۆپ يۈز بېرىدۇ، ھېچ بىر ئايالدىن ناماز ۋاقتى ئارىسىدا ئادەت كۆرۈپ قىلىپ، ئادەت كۆرۈپ قالغان ۋاقىتتا ئوقۇيالمىغان نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلغانلىقى نەقىل قىلىنمىغان، ئەسلى قائىدە: زىممىسىگە مەسئۇلىيەت يۈكلەنمىگەنلىكتۇر. بۇ مۇلاھىزە بەك كۈچلۈك مۇلاھىزىدۇر.

شۇنىڭغا ئاساسەن: تەكلىپ يوقالسا ياكى كەڭرى ۋاقىتتا چەكلىمە تېپىلىپ قالسا، بۇ ۋاقىتتا ئادا قىلالمىغان نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ، ئەگەر ئېھتىياتەن قازاسىنى قىلسا ياخشى بولىدۇ، ئەگەر قىلماي قالسا گۇناھ بولمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ.

بىز دەيمىزكى: ئەگەر ئۇ كىشى نامازنى ئادا قىلغۇدەك بىر ۋاقىتنى تاپسا، ئۇ كىشى نامازنىڭ ۋاقتىنى تاپقان بولدى، ئەمما تەكلىپ يوقالسا ياكى شۇ ۋاقىتتا نامازنى ئادا قىلىشتىن چەكلەيدىغان بىر چەكلىمە تېپىلسا، ئۇ كىشىگە نامازنى كېچىكتۈرۈش دۇرۇس بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى گۇناھكار بولمايدۇ، قەستەن قازا قىلغان بولمايدۇ، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشمۇ ۋاجىپ بولمايدۇ.

ئىككىنچى قاراش ئېھتىيات قىلىشتۇر. [شەرھىل مۇمتى 2-توم 131-بەت].

ئۇ كىشى مۇشۇ ھالەتتە نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلسا، ئېھتىياتەن ياخشى بولىدۇ، قازاسىنى قىلمىسا، ھېچ نەرسە بولمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.